السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر رامىزاندا ئون كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى، ۋاپات تاپقان يىلى يىگىرمە كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان

ئەبۇ ھۆرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر رامىزاندا ئون كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇراتتى، ۋاپات تاپقان يىلى يىگىرمە كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزاندا ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئون كۈن مەسچىتتە ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەدىر كېچىسىنى تېپىش ئۈچۈن رامىزاننىڭ ئوتتۇرىدىكى ئون كۈندە ئېتىكاپ قىلغان، قەدىر كېچىسىنىڭ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈندە ئېتىكاپ قىلغان، ۋاپات بولىدىغان يىلى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىشىش ۋە تائەت-ئىبادەتنى كۆپ قىلىۋېلىش ئۈچۈن يىگىرمە كۈن ئېتىكاپ قىلغان

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/2754

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee